ۋە لېكىن تاپمىدى ھېچكىم بۇ ئىشتىن زەررىچە مەنە .
ئارىستو ياكى لوقماندەك ھەكىملەرمۇ بىمۇستەسنا ،
دېيىشتى ئاخىرى مۇتلەق ئۇلۇغ قۇدرەتكە ئامەننا.
دېمەك مۆمىن ئەمەس بۇزماق بۇ قانۇنى زۆرۇرەتنى.

قۇياش،ئاي ۋە يۇلتۇزلار ساما سەيىر ئېتىپ ھەر كۈن ،
مۇئەييەن يول ۋە تەرتىپتە خاتاسىز دەۋر ئېتەر ھەر كۈن .
بۇڭا ھاكىم ئىكەن مۇتلەق ئەجەب بىر مۇنتىزىم قانۇن ،
بۇ چەكسىز كائىنات تاپمىش ئاشۇ خىلدا تولا مەزمۇن .
يورۇپ نۇرلانغۇسى قەلبىڭ چۈشەنگەنچە بۇھالەتنى .

ۋە بەلكى بەزىلەر ئېيتار تۇزەلمەكلىك تەبىئەتتۇر ،
ۋەھالەنكى تەبىئەت ھەم ئەجەب بىر خىلدا ھاياتتۇر.
بۇ ئالەم سىرلىرى بىزگە ھۇنۇن بىر ياخشى ئىبرەتتۇر،
شېغىل تاش ھەر زامان تاشتۇر ،زۇمرەتلەر ـ زۇمرەتتۇر.
تەپەككۇر تاشقىنى يۇتسۇن كۆرەڭ باتىل ـ جاھالەتنى .

مىسال :پەن ـ ھۇنەر ئەسرى قۇرۇپ ھېكمەت دۇكىنىنى،
ياراتتى ئىپتىخارلىق بۇمۇ ئىجازەتلەر زامانىنى .
يەنە ھەم ئاشقۇسى كۆپلەپ بۇيۇك ھىممەت داۋىنىنى ،
لېكىن ئادەم تۇگۈل ھەتتا ئۇنىڭ بىر قەترە قانىنى .
ياسالماس ھەر نېچۈك ئالىم قىلىپ تەقلىد بۇ قۇدرەتنى .

ھاياتلىق سىرىغا تەكرار تۇخۇمنى كەلتۇرەي بۇرھان ،
توخۇسىز ئالۇر ھەر كىم تۇخۇمدىن چۈجىنى ئاسان .

يىمىردى نەبۇۋۋەتلا ئەرەپتىن بارچە زۇلمەتنى .

ۋەھنى بەزىلەر ئىلھام دېيىشتى بىر زامان ھۆكمەن،
ۋەھالەنكى ئۇلۇغ قۇرئان ئەمەستۇر قىسسە يا رومان .
ئۇنى ئىلھام بىلەن ئىجاد قىلىشقا بولسا گەر ئىمكان ،
نېمىشقا يازمىدى بىر كىم يەنە ئىككىنچى بىر قۇرئان .
نىچۇكىمۇ ئېتىراپ قىلماس كىشى مۇنداق ھەقىقەتنى .

بىراۋلار قىلدىلەر دەۋا، نەبىلىك ئۇستىدە ھەتتا،
تېپىپ مىڭ ھىلە ـ نەيرەڭلەر، ئۆزىنى كۆرسىتىپ تەقۋا.
يېزىپ ئايەتكە تەقلىدلەر،ۋە ھەتتا قىلسىمۇ غەۋغا.
جاھاندىن كەتتىلەر لېكىن، بولۇپ ئالەمگە مىڭ رەسۋا.
تاپالماس چۈنكى باتىللىق،ھەقىقي شانۇ ـ شۆھرەتنى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى جانلىق ئۇلۇق مۆجىزە ئەلۋەتتە،
يەنە قانداق دەلىل لازىم بايان قىلماقتا بۇ ھەقتە.
ئەقىل ساھىبلىرى جاندىن ئۆتەر تەستىق، قانائەتتە،
ئەگەرچە ياق دېسە بەزى مۇخالىپلار جاھالەتتە.
ئۆزىگە رەھنامە قىلسۇن ئادىل ، مەردانە پىكرەتنى.

خاتىمە.

بايان قىلغانلىرىم گەرچە دېڭىزدىن تامچىدۇر ئەمما،
نامايەندۇر قۇياش ئەكسى بىر تامچە سۇدىمۇ ھەتتا.
قەسدەم ئەلگە يەتكۈزسە ھىدايەتتىن بىرەر مەنە،

